# توردا «بېقىۋېلىش» مېۋە سېتىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىلگىرىكى يول راۋان بولمىسا، ئامال قىلىپ يېڭى يول ئېچىش كېرەك. بۇلتۇر يۈننەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردا مېۋىلىك دەرەخلەرنى «بېقىۋېلىش» ئەندىزىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەن ما لىڭلىڭ باشقىچە يول تۇتۇش قارارىغا كەلدى، كورلىدىكى داڭلىق يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش، پىششىقلاش كارخانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەمكارلىق ئورنىتىپ، كورلىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى «بېقىۋېلىش»نى يولغا قويدى. قىسقىغىنا بىر نەچچە ئايدىلا، نەشپۈت، كۆزلۈك چىلان، چىلان، ئالما، ئۈزۈم، تارىم دەرياسى ياقىلىنىدىن ئىبارەت ئالتە «بېقىۋېلىش» بازىسى قۇرۇلدى.

«بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى شۇكى، مېۋە پىشماي تۇرۇپلا سېتىلىپ، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنى بازار خەۋپ ـ خەتىرىدىن زور دەرىجىدە ساقلاپ قالىدۇ» دېدى ما لىڭلىڭ.

مۇخبىر لوتوجىيا ئۆز ئالدىغا قۇرغان قوللىنىشچان سۇپىدا باغ پەرۋىشى، مېۋىلىك دەرەخ پەرۋىشى، تېلېكامېرا باشقۇرۇش، زاكاز باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ تىزىلغانلىقىنى كۆردى. مۇخبىر مېۋىلىك دەرەخلەرنى دەۋرىيلىك پەرۋىش قىلىش تۈرىدىن «4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە، ئاقسۇ بىختاڭشىن مېۋىلىك بېغىدا چاڭلاشتۇرۇش، سۇغىرىش»، «5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ بىختاڭشىن مېۋىلىك بېغىدا شاخ تارتىش، مېۋە شالاڭلىتىش» قاتارلىق تەپسىلىي سۈرەتلىك ئۇچۇرلارنى كۆردى.

ياندىكى خىزمەت ئۈستىلىدە، بېسىپ چىقىرىلغان تېز يەتكۈزۈش تالونلىرى مال سەپلەشنى كۈتمەكتە ئىدى. «بۇلار پەقەت قىسمەن زاكاز تالونى، بىزنىڭ ئاساسلىق مال تارقىتىش ئامبىرىمىزنىڭ زاكاز تالونى تېخىمۇ كۆپ» دېدى خېرىدار مۇلازىمەتچىسى جاڭ يۈجياۋ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى «ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، پائالىيەت كۆلىمىنى زورايتىش، پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئەندىزە، كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش قاتارلىق سەككىز جەھەتتىن توردىكى بىلەن تور سىرتىدىكىنى يۇغۇرۇش، تاۋار ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇش، ئىستېمالنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولدى.

«توردا ‹بېقىۋېلىش› بىزنىڭ ئىلگىرىكى ‹ئىشلەپچىقىرىۋېلىپ سېتىلىشنى كۈتۈش› ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلغان سىنىقىمىز، بۇنىڭدا ‹سېتىلىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىش› ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئالدىن تاپشۇرۇۋېلىنغان زاكاز ۋە مەبلەغ ئارقىلىق بازارلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈشى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى قوللاپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، يەنە تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىنى مۇقىم كىرىم كاپالىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ» دېدى ما لىڭلىڭ.

ما لىڭلىڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بۇ يىل تېخىمۇ سېلىنمىسىنى داۋاملىق زورايتىپ، ئېچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆتكۈنچى ئايرىش ـ تاللاش ئامبىرى قۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ، ئالدىن سېتىش مەبلىغىنى «بېقىۋېلىش» بازىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپ سېلىپ، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تەسىر كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئالاقىدار كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

# پىسخىك ساغلاملىق ئوقۇتقۇچىسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئەقىل كۆرسەتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

بۇ يىل يۇقۇم سەۋەبىدىن كېچىكتۈرۈلگەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تەتۈر ساناق باسقۇچىغا كىردى، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ ياخشى ھالەت بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا پەيدا بولىدىغان پىسخىكىلىق گاڭگىراش، جىددىيلىشىش ۋە تەشۋىشلىنىشنى قانداق يېڭىشى كېرەك؟ مۇخبىر بۇ ھەقتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پىسخىك ساغلاملىق ئوقۇتقۇچىسى خۇ جيېنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى.

خۇ جيې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن بۇرۇن جىددىيلىشىش، ئەندىشە قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ، يېنىك دەرىجىدىكى تەشۋىشلىنىشنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشقا ياردىمى بار، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرى بۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئىمتىھاندىن بۇرۇن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تولۇق زېھنى كۈچى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ، ئۇخلاش ۋاقتىنى تەدرىجىي ئالدىغا سۈرۈشى، ئۆزىنى ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ ئۇخلاپ ئۆگىنىش قىلىشقا مەجبۇرلىماسلىقى؛ ئائىلىسىدىكىلەر، دوستلىرى بىلەن كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكىنى سۆزلەپ بېسىمنى يېنىكلىتىشى؛ ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، يېنىك مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇشى كېرەك.

يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە، ئامال بار ئادەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بويىچە غىزالىنىشى، ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا دىققەت قىلىشى، سۈيۈق ـ سەلەڭ تاماقلارنى يېيىشنى، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە گۆشلۈك تاماقلارنى زىيادە كۆپ يېيىشتىن قاتتىق ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەددىدىن زىيادە كۆپ يەپ ـ ئىچىش ئاشقازان ـ ئۈچەي ئىقتىدارىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كەيپىياتنىڭ تۇراقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ، ئىمتىھان بېرىشكە پايدىسىز.

ئاخىرقى كۈچەش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى، خۇ جيې ئىمتىھاندىن بۇرۇن ئامال بار مەكتەپتە تەكرار قىلىش، ئەڭ ياخشىسى ئۆگىنىش مۇھىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى، ئۈچ يىل ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە دەرسنى مەكتەپتە ئوقۇغان ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ مۇھىتىغا بىرقەدەر كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئىمتىھان باسقۇچىغا تەبىئىيلا ئۆتەلەيدۇ، روھىي ھالىتىنى بىرقەدەر تۇراقلاشتۇرالايدۇ، بۇ، ئىمتىھاندا ئىقتىدارىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مەكتەپتە مەسىلىگە يولۇققاندا، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلاردىن سوراپ ۋاقتىدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش روھىي ھالىتىنى تەڭشەشكە پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنكى يېرىم سائەت ھەم كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى يېرىم سائەتتە ئەستە تۇتۇش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ۋاقىتقا ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ مۇھىم ئىمتىھان مەزمۇنلىرىنى، مەسىلەن: فورمۇلا، تېئورېما، قانۇنىيەت، پەن ئاتالغۇلىرى قاتارلىقلارنى يادلاشنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

«ھازىردىن باشلاپ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىن سوئال ۋە يېڭى سوئاللارنى ئىشلىمەسلىكىنى، ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەربىر ئادەمنىڭ بىلىم ئىگىلەش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يېتىدىغان نىشانغا يەتسىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» خۇ جيې مۇنداق دېدى: ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى بۇ بىرقانچە كۈندە، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى قەددىنى تىك تۇتۇپ تېز قەدەم تاشلاپ مېڭىپ بەرسە، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىنىش، پەقەت ياخشى روھىي ھالەت بولغاندىلا، قۇربىڭىز يېتىدىغان ئىمتىھان نىشانىغا يېتەلەيسىز.

«ھەربىر پەن ئىمتىھانى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىمتىھاننى ياخشى بەردىممۇ ـ بېرەلمىدىممۇ دەپ قايتا ـ قايتا ئويلانماستىن، بەلكى دىققىتىڭىزنى تېزدىن كېيىنكى پەندىكى ئىمتىھانغا بۇراپ، ياخشى ئىمتىھان بېرىش ھالىتى بىلەن كېيىنكى ئىمتىھاننى ياخشى بېرىڭ.» خۇ جيې مۇنداق بىلدۈردى: ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئوقۇش ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ئىمتىھان، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى روھىي ھالەت بىلەن ئىمتىھانغا ئادەتتىكىدەكلا يۈزلەنسە بولىدۇ، يۈرەكلىك ھەم پەملىك بولۇپ، ئازادە بولۇپ، سىرتنىڭ كاشىلىسىدىن يىراق تۇرۇپ، تىنچ روھىي ھالەت بىلەن ئىمتىھاننى كۈتۈۋالسا بولىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەرگە يۈزلىنىپ، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىكىگە تاللاپ تەكلىپ قىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىگىلىشىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەردىن 2000غا يېقىن ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن رايون (ساھە) خاراكتېرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى، يېزا ـ بازار (كوچا)، تەرەققىيات رايونى (سانائەت باغچە رايونى) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەھەللە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش (مۇلازىمەت قىلىش) مەركىزى (پونكىتى)، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قانۇن ياردىمى بېرىش ئاپپاراتى ھەمدە باشقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى تولۇقلاشنى پىلانلىغان.

بۇ قېتىمقى تەكلىپ قىلىش ئوبيېكتى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەنلەر بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر، تۆۋەن كاپالەت ئائىلىلىرىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر قاتارلىقلار ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر قاتارلىقلار ئالدىن ئويلىشىلىدىكەن.

بۇ قېتىمقى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلىشنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە يولغا قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كونكرېت تەشكىللەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 2009 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلىشنى باشلىغان. 2016 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىققان، ھەرقايسى جايلار چارىدىكى تەلەپ بويىچە، ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىققان. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 1305 كىشىنى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

# شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى رەسمىي شەكىللەندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتاي ــ كۆكتوقاي ــ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شىنجاڭ تۆمۈريول تورى يىرىك پىلانىدىكى «ئۇزۇنىسىغا تۆت، توغرىسىغا تۆت» ئاساسىي رامكىسىدىكى «ئۇزۇنىسىغا تۆت»نىڭ بىرى. بۇ لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 427 كىلومېتىر بولۇپ، غەربتە شىمالىي ئالتاي لىنىيەسىنىڭ ئالتاي ۋوكزالىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئۈرۈمچى ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ شەرقىي جۇڭغار ۋوكزالىغا تۇتىشىپ، كۈيتۈن ـ بېيتۈن تۆمۈريولى، لەنجوۋ ـ شىنجاڭ لىنىيەسى، ئۈرۈمچى ـ جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلەك رېلىس ياتقۇزۇلۇپ تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن لىنىيەدە تىجارەت باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۆلچەرلەندى، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مول قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ پەقەت كۈيتۈن ـ بېيتۈن تۆمۈريولى ئارقىلىقلا توشۇلۇشتەك ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسىمۇ ھازىرقى 760 كىلومېتىردىن 640 كىلومېتىرغا قىسقىرايدۇ، يۈرۈش ۋاقتى تەخمىنەن ئىككى سائەت قىسقىرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆكتوقاي، ئۇلۇڭغۇر كۆلى قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭدىكى داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىمۇ تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

«بىز 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىش ئورنىمىزغا قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلىش تۈگۈنىنى چىڭ كۆزلەپ قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تىزىپ، بەش گۇرۇپپا لىم توشۇش ئاپتوموبىلىنى تەقسىملەپ ئاجرىتىپ دەۋرىيلەشتۈرۈپ لىم توشۇپ، ئالدى تەرەپنىڭ جازا ياتقۇزۇشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. قۇرۇلۇش مەيدانىدا، بىز 24 سائەتتە ئۈچ ئىسمېنا ئالمىشىش، ئادەم توختىسىمۇ ماشىنا توختىماسلىقتەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جازا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى 1 ـ ئىدارىسى ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يول بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ما ۋېيخۇڭ.

ئىگىلىنىشىچە، نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇۋېتىپتۇ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى(شىنجاڭ بۆلىكى)دا بۇ يىل تىجارەت باشلىنىدىكەن، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدا مۆلچەرلىنىشچە كېلەر يىلى تىجارەت باشلىنىدىكەن، شۇ چاغدا خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنى ھاسىل قىلىدىكەن.




**يەتتە ئاۋىياتسىيە شىركىتى**
**شىنجاڭدا 18 دۆلەت ئىچى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئاچتى**

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، خۇاشيا ئاۋىياتسىيەسى، شەندۇڭ ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق يەتتە ئاۋىياتسىيە شىركىتى شىنجاڭدا 18 دۆلەت ئىچى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئاچتى، بۇ، ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى شەھەرلەرگە ئۇچىدىغان، تارماق لىنىيەلىك ئايرودروملار ئارا ئۆز ئارا ئۇچىدىغان ھەمدە تارماق لىنىيەلىك ئايرودروملاردىن بىۋاسىتە شىنجاڭ سىرتىدىكى شەھەرلەرگە ئۇچىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈرەتتە: ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ T3 ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى (7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارتىلغان).

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)